### مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇقتۇرۇش تارقاتتى

# باش تېما تەربىيەسىنى خۇلاسلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يېقىندا «‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىنى خۇلاسلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگورۇپپا)لاردىن باش تېما تەربىيەسىنى خۇلاسلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئەستايىدىل خۇلاسلاش ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، باش تېما تەربىيەسىنى خۇلاسلاش خىزمىتىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۈرەش قىلىش روھى ۋە ئىنقىلابىي روھنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، تولۇق قوراللىنىپ تولۇق ئاتلىنىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا: ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. باش تېما تەربىيەسىنى خۇلاسلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش باش تېما تەربىيەسدە ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىش قىلىشقا، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، خەلقنى كۆزلەش ئاساسىي مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەشكە تەشكىللەش، يېتەكلەش؛ تۈزۈمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگورۇپپا)لار ئىدىيەنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلى بىلەن، خۇلاسلاش خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەپ، خۇلاسلاش جەريانىنى ھاسىلاتلارنى ئېنىقلاش، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش جەريانىغا ئايلاندۇرۇشى، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇنىيەتنى يەكۈنلەش جەريانىغا ئايلاندۇرۇشى، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار باش تېما تەربىيەسدە «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپى ۋە «نەزەرىيە ئۆگىنىشدە ھاسىلات بولۇش، ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىش - نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك - دۇرۇس بولۇشتا ئۈلگە بولۇش» نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئوبيېكتىپ خۇلاسلىشى كېرەك. ھەم باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، ئاساسلىق نەتىجە - ئۈنۈمىنى خۇلاسلاش، ھەم ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا تەھلىل قىلىش كېرەك؛ ھەم باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى، مۇھىم ئىلھامىنى خۇلاسلاش، ھەم باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىپ ئورنىتىشى كېرەك. ھەرقايسى ئۆلكە(ئاپتونوم رايون، شەھەر)لەر ۋە 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ۋەزىپىسى بار بولغان مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز باشقۇرىدىغان پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرى، مەركەز باشقۇرىدىغان كارخانىلار يۇقىرى تۆۋەننى بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئەھۋالىنى خۇلاسلىشى كېرەك. مەركەز باشقۇرىدىغان ئالىي مەكتەپلەر باش تېما تەربىيەسىنىڭ كۈچەش نۇقتىسىنى چىڭ كۆزلەپ، خۇلاسىنى ياخشى قىلىشى كېرەك. مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى، مەركەز سەييارە نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى ئالاقىلىشىدىغان ئورۇنلارنىڭ خۇلاسلاش خىزمىتىگە بولغان ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى خۇلاسلاش خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك. ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە شۇ بويىچە يولغا قويغان رەھبەرلىك بەنزىلىرى «1 - تۈركۈمدىكى ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىنى باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھى بويىچە، ئۆزىنى تەكشۈرۈش، باھالاشنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. مەركەز باشقۇرىدىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باھالاش خىزمىتىنى ھەرقايسى مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ. باشقا ئورۇنلارنىڭ باھالاش خىزمىتىنى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى كەسىپ سىستېمىسىدىكى سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ، مەركەز سەييارە نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسى ئەھۋالىغا قارىتا ئۆزىنى تەكشۈرۈش، باھالاش ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى ئۆلكە(ئاپتونوم رايون، شەھەر)لەر، مەركەز باشقۇرىدىغان ئالىي مەكتەپلەر ۋە 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ۋەزىپىسى بار بولغان مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز باشقۇرىدىغان پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرى، مەركەز باشقۇرىدىغان كارخانىلار باش تېما تەربىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسلاش ئاساسىدا، خۇلاسە دوكلاتىنى ئەستايىدىل يېزىشى كېرەك. مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى، مەركەز سەييارە نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى ئۆزى ئالاقىلىشىدىغان ئورۇنلارنىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار خۇلاسلاش خىزمىتىنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللىنىشنى سىجىل ياخشى تۇتۇش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشى، كېڭەيتىشى كېرەك. ھازىرقى مەركىزىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تاماملاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسى ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە قوزغىتىلغان پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى مۇقەددەس ئىش ئورنىغا قويۇش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇپ، يىللىق خىزمەت نىشانىنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشى كېرەك.

# «قەلبتىكى تۆت پەسىل گۈزەل جۇڭگو» قىشتا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش بويىچە تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش پائالىيىتى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تارماقلارنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، ئېسىل مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشى، ساياھەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىدۇ.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەن «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار - مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق» دېگەن ئىدىيەنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پائال تۈرتكە بولدى، نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى كۈنسېرى شىنجاڭنىڭ سىرت بىلەن ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش، تونۇشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش جەريانىدىكى بىر يارقىن نام كارتىسىغا ئايلاندى، بۇ ھەم شىنجاڭدا مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىۋاتقانلىقىنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق ئىزاھاتى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشى، مۇقەررەر ھالدا ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ، شىنجاڭنى دۇنيادىكى مۇھىم ساياھەت مەنزىلگاھى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تېزلىتىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامايان قىلىدۇ ۋە گەۋدىلەندۈرىدۇ.

پائالىيەت نەق مەيدانىدا، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر شىنجاڭدىكى ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن «2020 - يىللىق ساياھەت ھەمكارلىقى رامكا كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. جۇڭگو ساياھەت گۇرۇھى، خۇاچياۋچېڭ گۇرۇھى، جۇڭگو ياشلار ساياھەت كوپىراتىپى پاي كونترول پاي چەكلىك شىركىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىنجاڭ ئىپەك يولى خەلقئارا ئىستىراھەت رايونى تۈرى، جامبۇلاق مەنزىرە رايونى تۈرى قاتارلىقلار توغرىسىدا تۈر ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، شىنجاڭ ساياھەت تۈرلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ قوشتى. كۇەيشوۋ پەن - تېخنىكىسى «قىشتا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىپ، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى بىۋاستە كۆرسىتىش»نى باشلىدى، تۇڭچېڭ گۇرۇھى «قىشتا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش باش تېمىسىدىكى مەھسۇلاتلار مەخسۇس رايونى»نى بەرپا قىلدى، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى ئۈرۈمچىدىن قاناسقا بارىدىغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنى ئېچىپ، «قىشتا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش ئاق ئالتۇن لىنىيەسى»نى كېڭەيتتى. جۇڭگو مەدەنىيەت تارقىتىش گۇرۇھى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تورى قاتارلىق 15 ئورۇن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ساياھىتىنى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىش سۇپىسى قۇرۇشنى باشلىدى.

مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ شياۋفېڭ، جۇڭگو ساياھەت گۇرۇھىنىڭ باش دىرېكتورى دۇ جياڭ، خۇاچياۋچېڭ گۇرۇھىنىڭ باش دىرېكتورى ياۋ جۈن، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، رېن خۇا، لى شىنمىڭ ھەمدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەردىكى مەدەنىيەت - ساياھەت تارماقلىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى پائالىيەتكە قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

كۆزلىرىدىن شادلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، «مەن ھازىرقى خىزمىتىمنى ياخشى كۆرىمەن، ھەر كۈنى يۇرتداشلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ كۈنلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كەيپىياتىممۇ ياخشى بولۇپ كەتتى».

ھەببە مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بۇغراقۇم كەنتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ھازىرقى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇڭا خىزمەتلەرنى ئىنچىكە، دەل جايىدا ئىشلىشىمىز كېرەك. كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتى ئائىلىلەرگە كىرىپ نامرات ئاھالىلەرنىڭ ھەر ئايلىق كىرىمى، يۆلەش تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئاندىن رەتلەپ ئارخىپقا كىرگۈزۈپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يوللاش.

«نامرات ئاھالىلەر تۈرلۈك يۆلەش تۈرلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئەمەن ئۆي سالدى، قوتان سالدى، كاتەك ۋە كىچىك لاپاس ياسىدى، ھويلا - ئاران ئىگىلىكىمۇ جانلاندى.» ھەببە مۇنداق دېدى: «بەزىلەر ئىشچان بولغاچقا، ياخشى قىلىۋاتىدۇ، لېكىن يەنە بەزىلەر توختاپ قالدى ياكى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ بەردى، بۇلارنى بايقىساق ئامالىنىڭ بارىچە چارە تېپىپ ئۇلارنى ‹ھەرىكەت›كە كەلتۈرىمىز».

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، ھەببەمۇ نەتىجە قازىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە بولدى. ئالدىنقى مەزگىللەردە ئۇ كەنت ئاھالىسى مەرھابا ئەرشىدىننىڭ ھويلىسىنى ئۆزگەرتىش ئىشلىرىنى توختىتىپ قويغانلىقىنى بايقىدى، سەۋەبىنى تەپسىلىي سورىغاندىن كېيىن، ئىقتىسادتا قىينىلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ھەببە دەرھال كەنت كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ، مەرھابا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئالاقىدار تارماقلاردىن 3000 يۈەن مەبلەغ ياردىمى ئىلتىماس قىلىشىغا ياردەملەشتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ھەببە يەنە 68 ياشلىق ئىگە - چاقىسىز ياشانغان موماي مەختۇمخان ئابدۇللانى يوقلىدى. «مومىمىز ھازىر تۆۋەن كاپالەت پۇلى ۋە كۈتۈنۈش پۇلى ئالالايدۇ، يەنە توخۇ ۋە قوي باقتى. ئۆتكەن ھەپتە ئۇ ئاغرىپ قالغاندا، مەن ئۇنىڭ تۇرمۇشتا قىينىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدىم، لېكىن مومىمىز ماڭا ھازىر داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن ئاتچوت قىلىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، تۇرمۇشىدا مەسىلە يوقلۇقىنى ئېيتتى.» ھەببە سۆزلەۋېتىپ يەنە كۈلۈپ كەتتى.

### ■ كىشەندىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنى تېپىش

«مەن ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملىنىپ، قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى قىلغان.» ھەببە ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ئۈستىدە توختالدى.

ھەببە «دوستى» ئەۋەتكەن ئېلېكترونلۇق كىتابنى كۆرۈپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان. «كىتابتا ئاياللار بېشىغا ياغلىق چىگىشى، نىقابلىق كىيىم كىيىشى، يۈزىنى كۆرسەتمەسلىكى، تېخىمۇ مۇھىمى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىماسلىقى كېرەك دېيىلگەن. كىتابتا يەنە ‹غازات› قاتارلىق مەزمۇنلار تەرغىب قىلىنغان.» ھەببە كۆرگەندىن كېيىن، ھېچقانچە ئويلانمايلا تولۇق قوبۇل قىلغان، يەنە ئۇنى تارقاتقۇچىغا ئايلانغان.

ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلىپ، كەنت كومىتېتىدىن ياردەم سورىغان. كەنت كادىرلىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، ھەببە ئۆزىنى لوپ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە تىزىملاتقان. «ئاڭلىشىمچە، ئۇ يەردە بىلىم ۋە ماھارەت ئۆگەنگىلى بولىدىكەن، ھەممىسى ھەقسىز ئىكەن، شۇڭا ناھايىتى قىزىقىپ، سىناپ بېقىشنى ئويلىدىم» دېدى ھەببە.

ياخشى ئۆگىنىش مۇھىتىدا، ھەببە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە كومپيۇتېر ماھارىتىنى ئۆگەندى، ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى قانۇن بىلىملىرى بولدى. «قانۇن بىلىملىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەندىن كېيىن، مەن ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن سۆز - ھەرىكىتىمنىڭ ھەممىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، شۇڭا مەن خاتالىقلىرىم ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاندىم، خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئىكەنمەن تۈزىتىشىم كېرەك» دېدى ئۇ.

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھەببە قېيىنئانىسى بىلەن بىللە سىياسەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، ھازىر ئائىلىسىدە 50 كالا بېقىۋاتىدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن، ھەببە يەنە تېخىمۇ كۆپ ئىش قىلىشنى ئويلىدى. بۇ يىل 4 - ئايدا، ئۇ لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردە لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشى ۋە تەسىراتىنى سۆزلەپ بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپىنى تونۇپ، روھىي كىشەندىن قۇتۇلۇشقا، تىرىشىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، تۇرمۇشنى بارغانسېرى ياخشىلاشقا دەۋەت قىلدى.

بۇ يىل يازدا، سىڭلىسى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ھەببە ھاياجانلىنىپ يىغلاپ كەتتى. «مەن سىڭلىمدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولدۇم، ئۇنىڭدىنمۇ بەك ھاياجانلاندىم.» ئۇ يان تېلېفونىنى چىقىرىپ مۇخبىرلارغا سىڭلىسىغا ئەۋەتكەن قىسقا ئۇچۇرنى كۆرسەتتى: ئۆيدىكىلەرنىڭ سەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماي، چوقۇم ياخشى ئوقۇپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولغىن.

### ■ تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش

«مەن ئەزەلدىن يېزا ئاياللىرىدىن كەنت كادىرى بولۇپ قېلىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم.» ھەببە مۇنداق دېدى: كەنت كومىتېتىدا خىزمەت قىلغاندىن بۇيان، مەن كىشىلىك تۇرمۇشتا تېخىمۇ كۆپ مۇمكىنچىلىكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم — تىرىشىپ خىزمەت قىلىش، كەنت ئاھالىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش، يېزا - كەنت قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، كىشىلىك تۇرمۇش قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

بۇغراقۇم كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى ئايدىن ئىسلامبېك مۇخبىرلارغا ھەببەنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە كومپيۇتېردا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان بىلىملەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى، كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە كۆچ قوشالايدىغان بولغانلىقىنى ئېيتتى. «ھەببە ئېھتىياتچان، ئەستايىدىل بولۇپ، ئۇنىڭ نامرات ئائىلىلەرنى چۈشىنىش كارتىسى، ياردەم بېرىش - يۆلەش قوللانمىسى تولدۇرۇشى ناھايىتى قېلىپلاشقان، تۈرلۈك ئىستاتىستىكا جەدۋەللىرى، ئۇچۇر ئارخىپلىرىنى تۈرگۈزۈشمۇ ناھايىتى مۇكەممەل. ئەڭ مۇھىمى ئۇ كەنت ئاھالىلىرى بىلەن پىششىق تونۇش، ئالاقىلىشىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك» دېدى ئايدىن.

ھەببەنىڭ تەلىم - تەربىيەگە قاتنىشىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۆزگىرىش ئايدىننى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇغراقۇم كەنتىنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كەنت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىختىساسلىقلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق، تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ھەببەگە ئوخشاش مۇشۇنداق يارامىلىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ بەرگىنىگە رەھمەت.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مۇخبىرلار ھەببەگە ئەگىشىپ كەنت ئاھالىلىرىنى زىيارەت قىلدى. گۈلھەسەل ئەخمەتتوختىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، بۇ ئۆيدىكىلەر ھويلىسىنى رەتلەۋاتاتتى. بۇ يىل 49 ياشقا كىرگەن گۈلھەسەل قولىدىكى سۈپۈرگىنى قويۇپ، قىزغىنلىق بىلەن بىزنى ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. «مېنىڭ ئائىلەم 2018 - يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا قويلىرىمنى سېتىپ، بىر مۇنچە پۇل تاپتىم» دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ھەم قويلىرىنى سېتىپ، ھەم ھويلىسىنى رەتلىگىنىگە قارىغاندا ئۆي ئىگىسى يىراق سەپەرگە چىقىدىغاندەك تۇراتتى. گۈلھەسەل مۇنداق دېدى: «بىز ئەتە ئاقسۇغا پاختا تەرگىلى بارىمىز، ئىككى ئايدا ھەربىرىمىز 15 مىڭ يۈەندىن پۇل تېپىشقا تىرىشىمىز.» ئەسلىدە ھەببەنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، گۈلھەسەل ئائىلىسىدىكىلەرى بىلەن بىللە پاختا تەرگىلى بېرىشنى قارار قىلغان ئىكەن، ئۇ كەنتتە بىرىنچى بولۇپ تىزىملاتتى. سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، گۈلھەسەل ھەببە بىلەن بېقىشىپ كۈلۈشتى.

كەنت ئاھالىسى شەمشىدىن مىجىتنىڭ ھويلىسىدىكى ئۈزۈم بارىڭىدا ئۈزۈملەر غۇژژىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى، بۇ ئۈزۈم بارىڭى 2016 - يىلى نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن بەھرىمەن بولۇپ سالغانىدى، بۇ يىل ئۈزۈملەر مېۋە بېرىشكە باشلىدى. شەمشىدىن يېقىندا سول پۇتىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان بولۇپ، ھازىر ھاسا تاياققا تايىنىپ ماڭاتتى. ھەببە ئاشخانىغا كىرىپ چەينەك ۋە پىيالە ئېلىپ چىقىپ كۆپچىلىككە چاي قۇيدى. شەمشىدىن مۇنداق دېدى: «بۇ بالا ھەر ھەپتىدە بىزنى كۆرگىلى كېلىدۇ، خۇددى قىزىمغا ئوخشاش قىيىنچىلىق بار - يوقلۇقىنى سوراپ تۇرىدۇ».

شەمشىدىننىڭ خوتۇنى سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلاتتى، بالىلىرىمۇ كەنتتىكى تىككۈچىلىك دۇكىنىدا ئىشلەيتتى، ئائىلىسىنىڭ كىرىمىمۇ ياخشى ئىدى، ئۇ ئۆزى ئۆيدە قېلىپ باقمىچىلىق قىلاتتى. شەمشىدىن مۇنداق دېدى: «ھازىر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇردى، ئائىلەممۇ قاتاردىن قالسا بولمايدۇ».

# قومۇل شەھىرى دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈزەشكە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ ئەمگەك كاپالەتنى مەمۇرىي تەپتىش تارماق ئەترىتىدە، ئەمگەك - مۇلازىمەتنى بۆلۈپ ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇننىڭ مەسئۇلى تارقىتىپ بەرگەن ئىش ھەققىنى ئوڭۇشلۇق ئالدى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قومۇل شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈزلۈكسىز سالماقنى ئاشۇرۇپ ھەل قىلدى. دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشتەك ئاغرىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىسىگە قارىتا، قومۇل شەھىرى تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، نېسىنى ئېنىقلاشتىكى كەمتۈكلۈكنى كۈچەپ تولۇقلاپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنى ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان قىلىپ، كۆڭلىنى تىنچىتىپ خاتىرجەم قىلدى. بۇ يىل 11 - ئاينىڭ بېشىدا، قومۇل شەھىرى ئەسلىدىكى «دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى»نى «دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قىلىپ تەڭشىدى ھەم ئەزا ئورۇنلارنى ئەسلىدىكى 13تىن 21گە تولۇقلاپ تەڭشىدى. قەرەللىك تەتقىق قىلىش، كېڭەشش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش، تارماقلار بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، ھەرقايسى تەرەپلەر ماسلىشىش، كوللېكتىپ كۈچ چىقىرىش» خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا، تولۇق ئېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىدى.

قومۇل شەھەرلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ ئەمگەك كاپالەتنى مەمۇرىي تەپتىش تارماق ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى لى مىنشىڭ مۇنداق بىلدۈردى: «قومۇل شەھەرلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈزەش خىزمىتىدىكى باشلامچى تارماق بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆپ قېتىم تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، قاتناش، سۇچىلىق، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، ساھە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش، توختامدا پۈتۈشكىنى بويىچە قۇرۇلۇش پۇلىنى ئاجرىتىپ بەرمەسلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. ھەرقايسى رايون، ناھىيەلەرمۇ ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئەزا ئورۇنلارنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساھە ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى بىرىنچى ۋاقىتتا ساھە مەسئۇل تارمىقى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، قومۇل شەھىرىدىكى مەلۇم زاۋۇت سىرتقى تۈرىنىڭ ئەمگەك - مۇلازىمىتىنى بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىپ مەسئۇل بولغان خۇ خانىمنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، قومۇل شەھەرلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى ئەمگەك كاپالەتنى مەمۇرىي تەپتىش تارماق ئەترىتىنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە ھەمكارلىشىشىدا، قارشى تەرەپ يېقىندا ئۇنىڭ نېسى قالغان ئەمگەك - مۇلازىمەت ھەققى ھېساباتىنى ئۈزۈشكە ماقۇل بولغان. «ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىش تارماقلىرى ئىش بىجىرەلەيدىكەن، پوزىتسىيەسى ياخشى ئىكەن، ئۇلار ھەقىقىي تۈردە ئامما ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرەلەيدىكەن، ئاممىنىڭ ئورنىدا ئويلايدىكەن، مەن ناھايىتى تەسىرلەندىم» دېدى خۇ خانىم.

ئىگىلىنىشچە، باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قومۇل شەھىرى جەمئىي 2343 نەپەر دېھقان ئىشلەمچىگە نېسى قالغان ئىش ھەققىنى تولۇقلاپ تارقىتىپ بەرگەن، قانۇندا بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە دېلونى ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى 100% بولغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)